# 7852 ـ ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئايال كىشى رامىزان ئېيىدا ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، رامىزاندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئايال كىشىنىڭ ئادەت كۆرۈپ قالغاندا روزا تۇتۇشى توغرا بولمايدۇ، ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ۋە رامىزاندىن كېيىن روزا تۇتالمىغان كۈنلىرىدىكى روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.